**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم**
**ھۆرمەتلىك دۇنيا ئەھلى**
**ياخشىمۇ سىلەر؟**
**ئىنسانلىقتىكى بارچە مېھىر-مۇھەببەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ھەم قەدىرلەپ ھەربىر ئىنساننىڭ خۇشال-خۇرام ياشىشى ئۈچۈن بارلىق ۋاقتى ۋە ئوي-پىكرىنى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مېھىر-مۇھەببەتكە ئاتىغان، بارلىق ئىنسانى قېرىنداشلار !**

**چەكسىز كەتكەن زېمىننىڭ ئىچىدە ھەممە ئىنسان ئەركىن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە !**
**ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش ۋە رەزىل ھەتتا باشقىلارنىڭ خورلىنىشىدىن ھۇزۇر ئالىدىغان كىشلەر تەرپىدىن .**
**چەكسىز كەتكەن زېمىننىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە مېتىر كامىرغا قامىلىپ كېچە-كۈندۈز خورلىنىۋاتقان، مىللىي كەمستىش بىلەن ئەزىيەت چېكىۋاتقان .**
**ئەمما ھاياتلىقتىكى پىداكار كىشلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى زالىملارغا قارشى تۇرۇپ، مەزلۇملارغا ئىگە بولىدۇ ياكى ياردەم بېرىدۇ دېگەن ئۈمىدتە، مەجبۇرىي ۋە ئىختىيارى سەۋر قىلىپ قۇياش نۇرىنى ساقلاۋاتقان .**
**تايلاندنىڭ چوڭ-كىچىك تۈرمىلىرىدە، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقىنى بىلەلمەستىن بىگۇناھ قامىلىپ خورلىنىۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار بىز .**
**سىلەرگە بىز ئۆزىمىزنى قىسقىچە قىلىپ تونۇشتۇرساق ھەممە كىشى ئۇچقاندەك تەرەققىيات مېۋىسىدىن بەھرىلىنىپ خۇشال-خۇرام ھايات مۇساپىسىدە كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن دۇنياغا قۇمدەك چېچىلىپ ئۆزىنىڭ پەسكەش ۋە ئېپلاسلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ئاپەت بولۇۋاتقان خىتايلار تەرپىدىن زورلۇق-زومبۇلۇق ئۇچرىغان شەرقى تۈركىستاندىكى بىگۇناھ مىليونلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېنىنى شوراپ، مېلىنى بۇلاپ، قىز-ئاياللىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان، شۇ سەۋەبتىن مىليونلىغان ئۇيغۇر خەلقى بىگۇناھ خىتاي تۈرمىلىرىدە قامىلىپ، ۋە يۈزمىڭلارچە بىگۇناھ ئۇيغۇرنىڭ چەتئەلدە كۆچمەنلىك ھاياتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان، خىتاينىڭ رەزىل سياستى بىلەن پاسپورتىمۇ ئىگە بولالمىغان، يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەزىز تۇغۇلغان ئانا ۋەتەننى، ئاتا-ئانىنى تاشلاپ جاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ تاغ-داۋانلىرىنى پىيادە بېسىپ ھېچ بىر نام-نىشانسىز، خورلانمايدىغان، دۇنيانىڭ قانداق يېرى بولسا، شۇنداق بىر ئورۇننى مەقسەت قىلىپ، خىتايدىن قېچىپ تايلاندقا كەلگەندە تايلاند ساقچىلىرى تەرپىدىن قانۇنسىز دۆلەتمىزگە كىرگەن دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن، ئەمما تايلاند ساقچىلىرى بىزنى ئۆزىنىڭ دۆلەت قانۇنى بويىچە سوتلاپ جەرىمانە بېرىش جازاسىنى بەرگەن، بىزمۇ جازانى قوبۇل قىلىپ جەرىمانە تۆلەپ ئاقلانغان شۇنداقلا بىزنىڭ شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇر تۈركلىرى ئىكەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنىپ تۈركىيەگە قايتۇرۇۋېتىدىغانلىق باياناتى بىلەن بىزنى تايلاندنىڭ كۆچمەن كىشلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن .**
**بىز شۇ تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن بۇيان، شەرقى تۈركىستاندا ھەم چەتئەلدە خورلىنىۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تامچىسى بولغان، تايلاند قاراڭغۇ تۈرمىلىرىدىكى بىگۇناھ مەھبۇسلۇق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزلۇم شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار بىز .**
**بىز تايلاند دۆلىتىگە كىرىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن بۇيان تا ھازىرغىچە تايلاندنىڭ قاراڭغۇ تۈرمىلىرىدە بىگۇناھ خورلىنىپ كېلىۋاتىمىز .**

بىز بۇ جەرياندا بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم تايلاند كىشىلىك ھوقۇقلىرى جەمئىيىتى ۋە تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە چىقىش يولى بېرىشنى سورىدۇق ۋە شۇنداقلا تايلاندتا تۇرۇشلۇق «UNITED»ئىشخانىسىدىن بىزگە بىرەر قۇتۇلۇش يولىنى تېپىپ بېرىشنى ياكى باشقا دۆلەتلەردىن كېلىپ تايلاندتىكى UNITED ئارقىلىق ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتكەن كىشىلەرگە ئوخشاش، بىزگىمۇ پاناھلىق بېرىشنى سوراپ كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغان بولساقمۇ ئەمما UNITED ئىشخانىسى بىزنىڭ تەلىپىمىزنى ئويلىشىپ بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تەلىپىمىزنىمۇ قوبۇل قىلمىدى .

بۇ چەكلىمىلەردىن كېيىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا چەتكە ئىتتىرىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا ھەرقانداق بىر تەشكىلات ۋە دۆلەتنىڭ ياردەم قىلماسلىقى خىتاي تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرىغانلىقى ئوتتۇرغا قويۇلدى .

ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان تۈرمىلەرنىڭ مۇھىتى تولىمۇ ناچار بولۇپ شۇ سەۋەبتىن يىلىغا ئون نەچچە ئادەم ئۆلۈۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋالدى .

بەزىلىرى كېسەللىكتىن ئۆلدى ۋە بەزىلىرى بولسا بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتى 20 يىلدىن ئاشقان بولغاچقا قېرىلىقتىن ئۆلدى .

يەنە كۆپ كىشىلەر بۇ تۈرمىلەردە ئۇزۇن تۇرغانلىق سەۋەبىدىن ۋە كۈن كۆرمەسلىك ھەم تاماقنىڭ ناچارلىقى، مۇھىتنىڭ مەينەت بولۇش تۈپەيلىدىن نېرۋىسى ئاجىزلاپ ساراڭ بولۇپ قالدى .

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇزۇن (مۇساپىرلار لاگېرى ئىدى) .

ئەمما يۇقىرىقى سەۋەپلەر بىلەن ئادەم يوقىتىش مەركىزى دەپ ناملىنىشقا لايىق تۈرما بولۇپ قالدى .

بىز ئۇيغۇرلاردىنمۇ بىرنەچچە يىگىتلەر ۋاپات تاپتى، ھازىر كۆپىنچىمىز ئاجىزلاپ ئېغىر كېسەللىك ئىچىدە ۋە جىددىي دوختۇرغا بېرىشقا موھتاجمىز، ھەتتا بىزگە سىرت بىلەن ئالاقە قىلىش چەكلەنگەن بولۇپ ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ھايات ياكى ۋاپات تاپقانلىقىنى بىلمەيمىز .

ۋە بەزى بىر ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بىزنى يوقلاپ كەلسە، بىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمەيمىز .

تۈرما قائىدىسى ھەممە ئادەمگە نورمال ئەمما بىز ئۈچۈن ھەممە نەرسە چەكلەنگەن، ھەتتا بىز تۇرۇۋاتقان تۈرمىلەرنىڭ بەزىسىدە مۇسۇلمانچە تاماق بېرەلمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئاق گۈرۈچنى يەپ ياشاپ كېتىۋاتىمىز .

ئەگەر ئوخشىتىش توغرا بولسا بىزنىڭ ھازىرقى ھالىمىز يولۋاستىن قۇتۇلۇپ، بۆرىگە تۇتۇلغاندەك ئىش بولدى .

ئەسلى بىز بۇنىڭسىزمۇ خىتاينىڭ كۆپ خورلىشىغا ئۇچرىغان ئىدۇق .

لېكىن يەنىلا زۇلۇمنىڭ ئۈستىگە زۇلۇم كۆرۈپ ياشاۋاتىمىز .

ئەگەر بىز تاكى تۇتۇلغاندىن بۇيان بۇ 10 يىل ئىچىدە ئۇچرىغان خارلىقىمىزنى سۆزلىسەك تايلاند ھۆكۈمىتىنى ئىنسانلار سېپىدىن چىقىرۋېتىشقا توغرا كېلىدۇ .

چۈنكى سۆزىمىزنىڭ بېشىدا دېيىلگەندەك تايلاند قانۇنى بويىچە ئاقلىنىپ سوتتا گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئىدۇق، ئەمما تايلاند ھۆكۈمىتى بىزنى گۇناھسىز بولساقمۇ، خىتاينىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ خورلاپ كەلدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ 10 يىلدىن بىرى گۇناھسىز جازالىنىپ خورلىنىۋاتقان ئەھۋالىمىزنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ۋە دۇنيادىكى بارلىق ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە قىلىپ سادالىرىمىزنى ئىزھار قىلىپ، ئەگەر دۇنيادىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر توپلانغان دۇنيا ئىنسان ھوقۇقلىرى مەركىزى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ياردەم قىلسا بىزمۇ ھاياتلىقنىڭ نېسىۋىسىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە .

بۇ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىمىزغا ياردەم قىلىشنى سوراپ، سىلەردىن ياردەم يەنى ئىنسانى بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىپ بىز بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى تايلاندنىڭ قاراڭغۇ تۈرمىلىرىدىن ۋە خىتاينىڭ ۋەھىمە سېلىشىدىن

قۇتقۇزۇپ قېلىشىڭلارنى سورايمىز .
ئەگەر بىز بىرەر دۆلەتنىڭ پاناھلىق بېرىشىگە ئېرىشەلمىسەك تايلاند لاگېرىدا چىرىپ تۈگىشىمىز ياكى زالىم خىتاي تايلاندقا پارە بېرىپ بىزنى خىتايغا قايتۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن .
ئەگەر شۇنداق بولغاندا ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچراش بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستاندا قىلىپ قالغان ئاتا - ئانا ئۇرۇق تۇغقانلار ھەم قاتتىق زۇلۇم كۆرۈشى مۇمكىن .
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي قەلبى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولغان سۆيۈملۈك ئىنسانلار!
بىزنىڭ بۇ 50 تىن ئاشقان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ تايلاند تۈرمىلىرىدە چىرىپ يوقىلىشىغا يول قويماسلىقىڭلارنى ۋە بىزگە ئىگە بولۇپ ياردەم قىلىشىڭلارنى بىزنىڭ بۇ تەلەپلىرىمىزگە ئادىمىيلىك بىلەن قاراپ ياردەم قىلىشنى ياكى ياردەم قىلالايدىغان ئورۇنلارغا دەردىمىزنى ئاڭلىتىشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سىلەردىن تەلەپ قىلىمىز .
ئەگەر بىزگە قانداقلا بىر دۆلەت ئىگە چىقىپ بىزنى ئىللىق باغرىغا باسسا بىز شۇ دۆلەتنىڭ ئىنتىزامىغا ۋە ئىنسانلىق ئىنتىزامىغا قەتئىي بويى سۇنۇپ ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن نورمال ئىنسانلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشنى خالايمىز .
شۇنداقلا بۇ چاقىرىقىمىزنى بارلىق دېموكرات دۆلەتلەردىكى پەزىلەتلىك كىشىلەرگە دۇنيا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ۋە مۇسۇلمان ئەللىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز .
ئاخىرىدا بىزنىڭ بۇ چاقىرىقىمىزنى بارچە ئىنسانلارغا ئاڭلىتىشقا سەۋەبچى بولغان بارلىق ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە چوڭقۇر رەھمىتىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئالىي سالىمىمىزنى يوللايمىز .
سىلەرگە دەرتلىنىپ ياردىمىڭلارنى كۈتۈۋاتقان، تايلاندنىڭ تۈرمىلىرىدىكى بىگۇناھ شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار بىز .

ھۆرمەت بىلەن تايلاندتىكى ئۇيغۇرلاردىن

2022. 4. 28